# ناماز ئوقۇمايدىغان دادا ئۈچۈن ۋاپاتىدىن كېيىن ھەج قىلىپ قويۇش توغرىسىدا

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىين

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1435

IslamHouse.com

# الحج عن والدٍ متوفًّى كان لا يصلي

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد بن صالح العثيمين

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# نامـاز ئوقـۇمـايدىغان دادا ئۇچـۇن ۋاپاتـىـدىـن كـيـيـن هـەج قـىـلـىـپ قويـۇش توغـرىـسـىـدا

36577- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

دادام ۋاپات بولغىلى ئۇزۇن زامان بولدى، بىلىشىمچە ئۇ ناماز ئوقۇمايتتى. سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ، ئۇچ قېتىم هەج قىلدىم، ئاخىرقى قېتىم قىلغان هەجنى دادام ئۈچۈن قىلغان ئىدىم. ئەمما مەن ناماز ئوقۇمىغان كىشىنىڭ شەرئى هۆكۈمدە كاپىر هېسابلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە دادامنىڭ ئەهۋالىنى ئويلاپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم. سوئالى: دادام ئۈچۈن قىلغان هەج توغرىمۇ؟، ئۇ هەج دادامنىڭ نامازلىرىغا كاپارەت بولامدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بۇ سوئال شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىيىن رەھىمەھۇللاھدىن سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: "سوئال سورىغۇچى ئۆزىنىڭ ئۈچ قېتىم هەج قىلغانلىقىنى بايان قىلىپتۇ، توغرىسى هەج هاياتىدا بىر قېتىم پەرز بولىدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «هەج بىر قېتىم بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقى نەپلىدۇر.» سىزنىڭ ئۈچ قېتىم هەج قىلدىم دەپ ئىپادىلىگىنىڭىز توغرا بولمايدۇ، هەج بىر قېتىم بولىدۇ. سىز ناماز ئوقۇمايدىغان دادىڭىز ئۈچۈن هەج قىلغانلىقىڭىزنى بايان قىلىپسىز، ناماز ئوقۇمىغان

كىشى شەرئى ھۆكۈمدە كاپىر بولىدۇ، كاپىرلار ياخشى ئەمەللەردىن مەنپەئەتلىنەلمەيدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم سوراش، ئىستىغپار ئېيتىش توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَن يَسْتَغْفِرُوا لِلْمُشْرِكِينَ وَلَوْ كَانُوا أُولِي قُرْبَىٰ مِن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُمْ أَصْحَابُ الْجَحِيمِ﴾ تەرجىمىسى: «پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.» [سۈرە تەۋبە 113-ئايەت].

لېكىن دادىڭىز بەزى ۋاقىتتا ناماز ئوقۇغان بولسا ياكى كاپىرلىقىدا شەك قىلىنسا، سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەج قىلىشىڭىز توغرا بولىدۇ. دۇئا قىلغاندا: «ئى ئاللاھ! ئەگەر دادام مۆمىن ھالەتتە ۋاپات بولغان بولسا، ئاشۇ قىلغان ھەجنىڭ ساۋابىنى دادام ئۈچۈن قىلغايلا» دەپ دادىڭىزنىڭ مۆمىنلىكىگە شەرت قىلىپ قىلسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى دۇئا ۋە ئىبادەتتە شەرت قىلىپ قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى، ئىبادەتتە بولسا: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام زەبائە بىنتى زۇبەير ئۆزىنىڭ ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئەمما كېسەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندا، ئۇنىڭغا: «سىز شەرت بىلەن ھەج قىلىڭ، سىزگە ئاللاھ تائالاغا شەرت قىلغان نەرسە بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى5089 -ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1207-ھەدىس].

ئەمما دۇئادا: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالْخَامِسَةُ أَنَّ لَعْنَتَ اللَّـهِ عَلَيْهِ إِن كَانَ مِنَ الْكَاذِبِينَ﴾ تەرجىمىسى: «بەشىنچى قېتىمىدا: ئەگەر

يالغانچى بولسام ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن، دېسۇن.» [سۈرە نۇر 7- ئايەت].

["ھەج-ئۆمرە قىلغۇچىلاردا يۈز بېرىدىغان خاتالىقلارنىڭ دەلىلى" ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.